# بالىلار ئىنجىلى
# تونۇشتۇرۇلدى

## تۇنجى تىرىلىش
## بايرىمى



ئاپتورى: Edward Hughes

رەسىمنى سىزغان: Janie Forest
Alastair Paterson

قىسقارتقان: Lyn Doerksen



ئالاقىلىشىدىغان تور بەت: Bible for Children
www.M1914.org



©2020 Bible for Children, Inc.

ئىجازەتنامە: بۇ ھېكايىنى كۆچۈرۈپ بېسىش
ھوقۇقىڭىز بار.پەقەت سېتىشقا بولمايدۇ.

بىر خانىم شاۋقۇنلۇق دۆڭ بويىدا
تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ قايغۇلۇق
كۆزلىرى قورقۇنچلۇق بىر
كۆرۈنۈشكە قارىدى.
ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلۈۋاتاتتى.
بۇ ئانا مەريەم بولۇپ،
ھەزرىتى ئەيسا كرىستكە
مىخلانغان جاينىڭ
يېنىدا تۇراتتى.





بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداق يۈز
بەردى؟ ئەيسا بۇنداق گۈزەل
ھاياتنى قانداقسىگە مۇشۇنداق
قورقۇنچلۇق ئاخىرلاشتۇردۇ؟
خۇدا ئۆزىدىن
كەلگەن ئەيسانىڭ
كرېستكە مىخلاپ
ئۆلۈشكە قانداقمۇ
رۇخسەت قىلالايدۇ؟ ئەيسا
ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە
خاتالىق سادىر قىلدىمۇ؟
خۇدا مەغلۇپ بولدىمۇ؟



ياق! خۇدا مەغلۇپ بولمىدى.
ئەيسا ھېچقانداق خاتالىق
ئۆتكۈزمىگەن. ئەيسا باشتىلا
ئۆزىنىڭ رەزىل ئادەملەر
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى
بىلەتتى. ئەيسا بوۋاق ۋاقتىدا،
سىمون ئىسىملىك بىر بوۋاي
مەريەمگە بۇنداق قايغۇنىڭ
كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.



ئەيسا ئۆلتۈرۈلۈشتىن
بىر قانچە كۈن ئىلگىرى،
بىر خانىم كېلىپ ئۇنىڭ
پۇتىغا خۇشپۇراق مەلھەم
تۆكتى. شاگىرتلار: "ئۇ پۇل
ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ" دېيىشتى. ئەيسا:
"ئۇ ساۋابلىق ئىش قىلدى" دېدى. "ئۇ مېنىڭ دەپنە
قىلىنىشىم ئۈچۈن قىلدى". نېمىدېگەن غەلىتە سۆزلەر!

شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھەزرىتى
ئەيسانىڭ ئون ئىككى شاگىرتىنىڭ
بىرى بولغان يەھۇدا ھەزرىتى
ئەيسانى ئالىي روھانىيلارغا 30
كۈمۈش تەڭگىگە ئاسىيلىق
قىلىشقا قوشۇلدى.





ئىبرانىيلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىش
ھېيتىدا، ئەيسا شاگىرتلىرى بىلەن ئەڭ
ئاخىرقى تاماقنى يېدى.  ئۇ ئۇلارغا خۇدا
ھەققىدە ئاجايىپ ئىشلارنى ۋە ئۇنى ياخشى
كۆرىدىغانلارغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى سۆزلەپ
بەردى.  ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا نان ۋە بىر
ئىچىملىكنى تەڭ بەھىرلىنىشكە بەردى.  بۇلار
ئۇلارغا ئەيسانىڭ تېنى ۋە
قېنىنىڭ گۇناھلارنى
كەچۈرۈم قىلىش
ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى
ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ھەزرىتى ئەيسا دوستلىرىغا خىيانەت قىلىنىدىغانلىقىنى، ۋە ئۇلارنىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.  - مەن قېچىپ كەتمەيمەن، - دېدى پېترۇس.  ئەيسا: "خوراز قېقىلداشتىن بۇرۇن، سەن مېنى تونۇيدۇغانلىقىڭنى ئۈچ قېتىم ئىنكار قىلىسەن" دېدى.





شۇ كۈنى كەچتە ، ئەيسا
گېتسىبمانە باغچىسىغا دۇئا
قىلىشقا باردى. ئۇنىڭ
بىلەن بىللە بولغان
شاگىرتلار ئۇخلاپ قالدى.
- ئى ئاتام، - دەپ دۇئا
قىلدى ھەزرىتى ئەيسا، -
... بۇ ئىستاكان مەندىن
ئۆتسۇن. ئەمما مىنىڭ
ئىرادەم بىلەن ئەمەس،
سىنىڭ ئىرادەڭ بىلەن.

تۇيۇقسىز بىر يەھۇدا
باشچىلىقىدىكى توپىلاڭچىلار
باغقا يۇپۇرلۇپ كىردى.
ئەيسا قارشىلىق كۆرسەتمىدى،
ئەمما پېترۇس بىر ئادەمنىڭ
قۇلىقىنى كېسىۋەتتى.  ئەيسا
ئاستا ئۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا
تەگدى ۋە ئۇنى ساقايتتى.
ئەيسا ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىنىڭ
خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە
ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.



توپىلاڭچىلار ھەزرىتى ئەيسانى باش روھانىينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئىبرانىي رەھبەرلىرى ئەيسانىڭ ئۆلۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.
يېقىن ئەتراپتا، پېترۇس خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاراپ تۇردى.



كىشىلەر پېترۇسقا ئۈچ قېتىم قاراپ: "سەن ئەيسا بىلەن بىللە ئىدىڭ!" دېدى. پېترۇس ئەيسانىڭ دېگىنىگە ئوخشاش ئۈچ قېتىم ئىنكار قىلدى.
پېترۇس ھەتتا تىللىدى
ۋە قەسەم قىلدى.



# قۇ-قۇ-قۇ



دەل شۇ ۋاقىتتا، بىر خوراز
چىللاپ كەتتى.  بۇ خۇدانىڭ
پېترۇسقا قىلغان ئاۋازىدەك
قىلاتتى.  پېترۇس ئەيسانىڭ
سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ
ئاچچىق يىغلىدى.



يەھۇدامۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇ
ئەيسانىڭ ھېچقانداق گۇناھ ۋە جىنايەتتە
ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى بىلەتتى. يەھۇدا
30 پارچە كۈمۈشنى قايتۇرۇپ
بەرمەكچى بولدى، لېكىن
روھانىيلار ئۇنى ئالمىدى.



يەھۇدا پۇلنى
تاشلىۋەتتى، سىرتقا
چىقىپ ئۆزىنى
ئېسىۋالدى.



روھانىيلار ھەزرىتى ئەيسانى رىم ۋالىيسى
پىلاتۇسنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پىلاتۇس:
"مەن بۇ ئادەمدە ھېچقانداق خاتالىق
تاپالمىدىم" دېدى. توپىلاڭچىلار:
"ئۇنى كرېستكە مىخلىتىڭ!
كرېستكە مىخلىتىڭ!"
دەپ توۋلاشتى.

ئاخىرى پىلاتۇس ۋاز كېچىپ، ئەيسانى
كرېستكە مىخلاشقا ھۆكۈم قىلدى.
لەشكەرلەر ئەيسانى مۇشتلىدى، ئۇنىڭ
يۈزىگە تۈكۈردى ۋە قامچىلىدى. ئۇلار
ئۇزۇن ئۆتكۈر تىكەنلەردىن رەھىمسىز
تاج ياساپ، ئۇنىڭ بېشىغا قىستى.
ئاندىن ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن
ياغاچ كرېستكە مىخلىدى.



ئەيسا ھەمىشە ئۆزىنىڭ شۇنداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەن گۇناھكارلارغا مەغپىرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىككى جىنايەتچى ئەيسانىڭ يېنىدا كرېستكە مىخلانغان. بىرى ئەيساغا ئىشىنىپ جەننەتكە كەتتى. يەنە بىرى ئەيساغا ئىشەنمىدى ۋە جەننەتكە كىرەلمىدى.





نەچچە سائەت ئازاب-ئوقۇبەتتىن
كىيىن، ئەيسا: "تامام بولدى" دېدى
ۋە ئۆلدى.  ئۇنىڭ ۋەزىپىسى
تامامىلاندى.  دوستلىرى ئۇنى
شەخسى قەبرىگە
دەپنە قىلدى.

ئاندىن رىم ئەسكەرلىرى
قەبرىنى پېچەتلىدى ۋە
قوغدىدى.  ئەمدى ھېچكىم
كىرەلمەيدۇ - چىقالمايدۇ.



ئەگەر بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى بولغان بولسا، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق بولاتتى. لېكىن خۇدا ئاجايىپ بىر ئىش قىلدى. ئەيسا ئۆلگەن ھالەتتە تۇرمىدى.



ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى تاڭ- سەھەردە،
ئەيسانىڭ بەزى شاگىرتلىرى
تاشنىڭ قەبرىدىن ئۆرۈلۈپ
كەتكەنلىكىنى بايقىدى.
ئۇلار ئىچىگە قارىغىنىدا،
ئەيسا يوق ئىدى.



بىر ئايال قەبرە يېنىدا يىغلاپ
تۇرغاندا، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭغا
كۆرۈندى.  ئۇ باشقا شاگىرتلىرىغا
ئېيتىش ئۈچۈن خۇشال ھالدا
يۈگۈردى. "ئەيسا ھاياتكەن!
ئەيسا ئۆلۈمدىن قايتىپ كەلدى!"



ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىنىڭ يېنىغا
كېلىپ، ئۇلارغا قوللىرىنىڭ مىخلانغان تارتۇقلىرىنى
كۆرسەتتى. بۇ ھەقىقەت. ئەيسا قايتا ھايات ئىدى! ئۇ
پېترۇسنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كەچۈرۈم قىلدى
ۋە شاگىرتلىرىغا ھەممە ئادەمگە ئۆزى ھەققىدە
سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزى كەلگەن
جەننەتكە قايتىپ كەتتى.

تۆنجى تىرىلىش بايرىمى

خۇدانىڭ سۆزى، ئىنجىلدىن ئېلىنغان بۇھېكايە،

تېپىلغان

مەتتا 26-28، لۇقا 22-24، يۇھاننا 13-21

"سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسى يېشىلگەندە، نۇر چاچار يولىمىزغا."
زەبۇر 130:119

# ئاخرەت

بۇ ئىنجىل ھېكايىسى بىزنى ياراتقان ۋە ئۇنى
تونۇشىڭىزنى خالايدىغان ئېسىل تەڭرىمىز ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

خۇدا بىزنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىمىزنى بىلىدۇ، ئۇ بۇنى گۇناھ دەپ ئاتايدۇ. گۇناھنىڭ
جازاسى ئۆلۈم، ئەمما خۇدا سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوغلى
ئەيسانى كرېستكە مىخلاپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە گۇناھلىرىڭىز ئۈچۈن جازالاشقا ئەۋەتتى.
ئاندىن ئەيسا تىرىلدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ جەننەتكە كەتتى! ئەگەر سىز ئەيساغا ئېتىقاد
قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىڭىزنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم
قىلىدۇ! ئۇ ھازىر كېلىپ سىزدە ياشايدۇ، سىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ياشايسىز.

ئەگەر بۇ ھەقىقەتكە ئىشەنسىڭىز، بۇنى خۇداغا ئېيتىڭ:
قەدىرلىك ئەيسا، مەن سىزنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، ھەمدە مېنىڭ
گۇناھلىرىم ئۈچۈن ئۆلىدىغان ئادەمگە ئايلاندىڭىز، ئەمدى قايتا ياشايسىز. ھاياتىمغا
كىرىپ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، شۇنداق قىلسام مەن يېڭى ھاياتقا
ئېرىشەلەيمەن، بىر كۈنى مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە بولىمەن. ماڭا ئىتائەت
قىلىشىمغا ۋە بالىڭىزدەك ياشىشىمغا ياردەملىشىڭ. ئامىن.

ئىنجىلنى ئوقۇڭ ۋە ھەر كۈنى خۇدا بىلەن پاراڭلىشىڭ! يۇھاننا 3:16